# ئانارگۈلى تىيانشاننىڭ ھەممە يېرىدە ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەرلەردە تۇغقىنى بار، پايتەخت بېيجىڭدىمۇ تۇغقىنى بار بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ «مەركەزداش چەمبىرى» سىزغانسېرى چوڭايدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور ئەمەلىيىتى بولۇپ، باشقا مۇھىم تەدبىرلەر بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

— پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، قانۇن بويىچە سايلانغان ئاز سانلىق مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %69.81نى ئىگىلىدى. زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %50.3نى ئىگىلىدى.

— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىق ـ تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى تەشۋىقاتى سىجىل كۈچەيتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمى تاكامۇللاشتۇرۇلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسى خەلق مائارىپى، كادىرلارنى تەربىيەلەش، جەمئىيەت تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈلدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تەربىيەسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشقا، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە يېتەكلەندى.

— مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك رايون پائال بەرپا قىلىندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتى پۇختا قانات يايدۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنىڭ ئورگانلارغا كىرىشى، كارخانىلارغا كىرىشى، مەھەللىلەرگە كىرىشى، يېزا ـ بازارلارغا كىرىشى، مەكتەپلەرگە كىرىشى، تۈەن ـ مەيدان، لىيەندۈيلەرگە كىرىشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىشى، مەنزىرە رايونلىرى ۋە كۆزنەك ئورۇنلارغا كىرىشكە سىجىل تۈرتكە بولۇنۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇنلار پائال بەرپا قىلىندى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك رايونلار تەدرىجىي بەرپا قىلىندى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر)تىن توققۇزى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇندىن 59ى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى تەربىيە بازىسىدىن 14ى بارلىققا كەلدى.

تۈرلۈك تەدبىرلەر تۈگمەس كۈچنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەكسىز جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلارنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا پائال ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.

**ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان ئورتاق قۇرۇلدى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، كېرىيە ناھىيەسىدىكى دېھقان قۇربان تۇلۇم قەددىنى رۇسلاپ ئازادلىققا ئېرىشكەندىكى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋ جۇشىنى يوقلاش»نى ئويلىغان، كېيىن ماۋ جۇشىنىڭ ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، كىشىلەر سەممىي ھالدا ئۇنى «قۇربان تاغا»دەپ ئاتىغان. ۋاقىت 21 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، قۇربان تاغىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەشتەك ئالىيجاناب روھى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشماقتا.

2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇربان تاغىنىڭ 90 ياشقا يېقىنلاشقان قىزى تۇختىخان قۇربان نەۋرىسى رۇقىيەم مەتسەيدىگە خەت يازدۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭغا يۇرتىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى دوكلات قىلدى. 2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ خەتنى ئەگگۈشتەر دەپ قارىدى.

«ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ داۋاملىق قۇربان تاغىغا ئوخشاش يۇرتداشلار بىلەن بىللە، پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى ئىزچىل قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىگە ئورنىدى، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىگە ئورنىدى.

بىڭتۈەننىڭ ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىسى يوۋ لياڭيىڭ گوما ناھىيەسىدىكى دېھقان مەمەتتۇرۇپ مۇساق بىلەن خىزمەت، تۇرمۇشتا چوڭقۇر ئاچا ـ ئىنىلىك مېھرى ئورنىتىپ، قول تۇتۇشۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلدى.

قۇربان نىياز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، باللارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن تارتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئاۋانگارتى دېگەن نام بېرىپ، ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكۈچى» دەپ ئاتىدى.

چۆچەك شەھىرىنىڭ شىنچېڭ كوچىسى خاردۇڭ مەھەللىسىدە 14 مىللەتتىن بولغان 932 ئائىلىلىك ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، ئىككىدىن ئارتۇق مىللەتتىن بولغان ئائىلە 274 بولۇپ، كۆپ مىللەتلىك ئائىلە %29.4نى ئىگىلەيدۇ، قوشنىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىسى ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

...

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كونكرېت، كىچىك ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بىر ۋاق تامىقىدا، بىللە مەكتەپكە بېرىش يولىدا، بىرلىكتە تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن ئېتىزلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى خۇشال ـ خۇرام جەم بولغاندا بىرلىكتە ئېيتقان ناخشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدۇ. كۆپچىلىك بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، بىللە ئولتۇراقلىشىپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆڭۈل ئاچتى، بۇ كۆك ئاسماننى ئورتاق قوغدىدى، گۈزەل يۇرت ـ ماكاننى ئورتاق قۇردى.

**دىن ساھەسىدە ئېجىل ـ ئىناقلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى**

«بىزنىڭ بۇ 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە مەسچىت بۇلتۇر قايتىدىن رېمونت قىلىندى. مەسچىتكە يەنە ھاۋا تەڭشىگۈچ، سۇ ئىچىش ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلاش ئۈسكۈنىسى، سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا، مۇنچا قاتارلىق ئەسلىھەلەر سەپلەندى.» خوتەن شەھىرى جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئوبۇلھەسەن تۇرسۇنىياز مەسچىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغىنىدا، چېھرىدە رازىمەنلىك تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى.

بۇلا ئەمەس، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشىنىمۇ ئوبۇلھەسەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى: «بىزگە بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆستۈرۈلدى، يەنە داۋالىنىش سۇغۇرتىمىز، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىمىز بار بولدى، ھەر يىلى بىر قېتىم ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتىمىز. بىز ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى يۇقىرى ئۆرلەشكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك».

«يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي سورۇن ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن ساھەسىدىكى كەڭ زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش، دىن ساھەسىدە ئېجىل ـ ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ بىرى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئاما خىزمەتتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىدۇر.

ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلىدى.

— پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزام ۋە سىياسەتلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، شىنجاڭنىڭ دىن خىزمىتىگە ئائىت قانۇن ـ نىزام، سىياسەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي مەكتەپلەر، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدالدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىندى.

— ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش كۈچەيتىلدى. دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى، داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈش قاتارلىق كاپالەت تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ياخشى ھەل قىلىندى. سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، دىن جەھەتتە بىلىملىك، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە ئاممىنى قايىل قىلالايدىغان، ئاچقۇچلۇق پەيتتە رول ئوينىيالايدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنى تىرىشىپ بەرپا قىلىندى.

— قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە تۈزىتىلدى. «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» سىجىل ئالغا سىلجىتىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش ۋە تارقىلىش، سىڭىپ كىرىش تۇپرىقى ئەڭ زور دەرىجىدە پاكىز تازىلاندى.

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچى قوزغىتىلدى.

---

ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

## مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، سېلىنما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى خىزمىتىنى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، كۆپ قىسىم تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى %60تىن ئارتۇققا يەتتى، قىسمەن تۈرلەردە قۇرۇلۇش تاماملاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سېلىنما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، ئىستىمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، يۇقۇم مەزگىلىدە قولدىن بېرىپ قويغان ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلىپ، شۇ يىللىق تۈر قۇرۇلۇشى ۋەزىپىلىرىنى شۇ يىلى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى داۋاملىق تېزلىتىپ، قېپقالغان ۋەزىپىلەرنى ھەپتىگىچە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەقسىملەپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىش؛ تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ «ھەم ياخشى، ھەم تېز» بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ تۈر زاپىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا، كەسىپلەر تەرەققىياتىغا، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بىر تۈركۈم تۈرلەرنى پىلانلاش ۋە زاپاس ساقلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «پىلاننى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەزىپىنى كېمەيتمەسلىك» تەلىپىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ۋاقىت، ۋەزىپىنى تەڭ قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرۇش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇشتىن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقىچە، جۇڭگو خەلقى ئەزەلدىن باش ئەگمىدى، ئەزەلدىن چېكىنمىدى. جۇڭگو سۈرئىتى، جۇڭگو ئۈنۈمى، جۇڭگو ئىرادىسىنىڭ ئارقىسىدا، قۇدرەتلىك خەلق كۈچى بار. بۇ خىل كۈچ ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىنتىزام ۋە مەسئۇلىيەت، قەيسەرلىك ۋە ئۈمىدۋارلىق، كۈرەش ۋە ئىجادىيەتتۇر. جۇڭخۇا مىللىتى مىسلىسىز جاپالىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە ئوتتا تاۋلىنىپ، تاۋلىنىپ يۈكسىلىپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلاپ، يەنە بىر ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى.

ماقالىدە مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: قىيىنچىلىقلار ھەقىقەتەن كۆپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىش كېرەك. بىز ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ئىشىنىشىمىز، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز، تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. قەھرىمان جۇڭگو خەلقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە دەۋرگە مۇناسىپ يۈكسەك شەرەپلەرنى ياراتتى! قەھرىمان جۇڭگو خەلقى جەزمەن قايىنام ـ تاشقىنلىق ئۇلۇغ كۈرەش داۋامىدا مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلىرىنى يارىتىدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پايدىلىنىش نىزامى(دەسلەپكى لايىھەنىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى)» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت نىزامى(دەسلەپكى لايىھەنىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش نىزامى(تۈزىتىلگەن دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈچا ناھىيەسىدە ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى(دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئېقىنتال شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى(دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىق بېجىغا كونكرېت تەتبىقلىنىدىغان باج نىسبىتى، ھېسابلاپ ئېلىش ئۇسۇلى ھەم باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش چارىسى (دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى› قاتارلىق 12 يەرلىك نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى(دەسلەپكى لايىھە)»نىڭ ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2020 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ خامچوت ئىجراسى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى(دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە يۆتكىمە چىقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق مۇھىت ئەھۋالى ۋە مۇھىت ئاسراش نىشانىنى تاماملاش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئادۋوكاتلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى» ھەم «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»، 2020 ـ يىللىق تىيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بەزى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ما گوۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۈڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.